# 106563 ـ ئېھرام كىيگەن كىشىنىڭ يۇيۇنىشى ۋە ئېھرام كىيىمىنى ئالماشتۇرۇشى توغرىسىدا

## سۇئال

ئېھرام كىيگەن كىشىنىڭ يۇيۇنىشى ۋە ئېھرام كىيىمىنى ئالماشتۇرۇشى توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئېھرام كىيگەن كىشىنىڭ پاكىزلىنىش ئۈچۈن يۇيۇنىشى توغرا بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھراملىق ھالەتتە يۇيۇنغانلىقى ئىسپاتلانغان. شۇنداقلا كىيگەن ئېھراملىقنى ئۇنىڭدىن پاكىزىرەك ۋە يېڭىراقىغا ئالماشتۇرۇپ كىيىشى توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھاۋا سوۋۇتقۇچ قاتارلىق راھەتلىنىدىغان نەرسىلەردىن پايدىلانىسىمۇ بولىدۇ".

["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى"22-توم 144-بەت].